# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
9
يەكشەنبە
维吾尔文 6月9日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W: مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24721 - سان بۈگۈن 4 بەت


## «كۆچۈپ كەتمەيدىغان ياخشى قوشنا، ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ھەقىقىي ھەمراھ»

### ـــــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رۇسىيەدىكى 54 سائەت ۋاقتى توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، جى پېيجۈەن، يىن شىنيۈ

موسكۋا ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى مۈشۈكئېيىق سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، بىر جۈپ گىگانت پاندا كىچىك ئوغۇل بالا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېنىغا قىستىلىپ كېلىپ: «بۇ سىزنىڭ رۇسىيەگە قانچىنچى قېتىم كېلىشىڭىز؟» دەپ سورىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ، سەممىيلىك بىلەن كىچىك ئوغۇل بالىغا: «ھېسابلاپ باقسام، بۇ 2013 - يىلىدىن بۇيان رۇسىيەنى سەككىزىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشىم ئىكەن» دېدى.

يەنە بىر سان ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇردۇ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئالتە يىلدىن بۇيان تەخمىنەن 30 قېتىم ئۇچراشتى. پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالساق، دۆلەت باشلىقلىرى ئارىسىدىكى بۇنداق قويۇق ئالاقە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ھەم 23 - نۆۋەتلىك سايىنت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىپ

# شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ھەم 23 - نۆۋەتلىك سايىنت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتناشقاندىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۆڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەزنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا قايتىپ كەلدى.

شۇ يەر ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ سايىنت پېتېربۇرگتىن ئايرىلىپ يولغا چىقىپ دۆلەتكە قايتتى. رۇسىيە فېدېراتسىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ھەمدە لېنىنگراد ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست باشلىقى، سايىنت پېتېربۇرگ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلى قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# تاغ - دەريالار ئارا ئۇسسۇلغا چۈشۈش پۈتۈن رايون ساياھىتى ئارزۇسىغا ئىنتىلىش

### ـــــ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى كۆچنى مۇجەسسەملەپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

□مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىيۇ چيەن

بۇ يەردە ئېتىز - دالا، خۇش پۇراق گۈللەر بار، ھەم كۆكتىكى ئوتلاق، زېمىندىكى ياۋچى كۆلى بار؛ بۇ يەردە تەبىئىي خاس مەنزىرە بىلەن ئىجتىھاتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆزئارا جۈللىنىپ، بايلىق تەبىئىي شارائىتى بىلەن مەدەنىيەت ئاساسى يۇغۇرۇلۇپ، تىخچوۋنىڭ گۈزەللىكى چەكسىز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دۆلەتلىك پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىستراھەت - ئارام ئېلىشتا ئالدىن تاللايدىغان جاي، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى ساياھەت كەسپى جۇغلاشقان رايوننى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

**«ساياھەت +» ئارقىلىق پۈتۈن رايون كەسىپ زەنجىرىنى قايتا بەرپا قىلىش**

شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈمدە دۆلەت پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سانجى ئوبلاستى پۈتۈن كەسىپلەر زەنجىرى، پۈتۈن ئامىللارنى چۆرىدەپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كۆچەيتىشنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ماناس دۆلەتلىك سۇلۇق يەر باغچىسىغا كىرگەندە، يىراقتا سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى ياغاچ يول كۆزگە چېلىقاتتى، سۇ پىسۇ زۇك سۇدا قومۇشلار شىلدىرلايتتى، ئۇقارلار پەرۋاز قىلاتتى، ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇش تاماشا قىلىش مۇنارى قۇش تاماشا قىلىش، مەنزىرە كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ماناس دۆلەتلىك سۇلۇق يەر باغچىسى دۇنيادىكى پەسىل قۇشلىرىنىڭ 3 - نومۇرلۇق كۆچۈش لىنىيەسىدىكى مۇھىم ماكانلاشقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەريىلى نەچچە مىليون پەسىل قۇشى بۇ يەردە ئارام ئالىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ھاۋانى تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش + ئېلېكترونلۇق سودا

# يېڭى پېتى پارچە سېتىش يېڭى ئەندىزىسى شىنجاڭ ئۆرۈكىنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى

مۇخبىرىمىز شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: بىر يىلدىكى ئۆرۈك پىشىش مەزگىلى يەنە يېتىپ كەلدى. ھاۋانى تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش + ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ تۈرتكىسىدە، يېڭى پېتى پارچە سېتىش يېڭى ئەندىزىسىگە ئىگە بولغان شىنجاڭ ئۆرۈكىنىڭ باھاسى بىردىنلا ئۆرلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ئۆرۈك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇشقا ئېنېرگىيە قوشتى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، تيەنماۋ سودا شەھەرچىسىدە، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق غەربىي يۇرت باغۋەنچىلىكى ھۆكۈمەت تەرەپ بايراقدار دۇكىنى كۇچا ئاق ئۆرۈكنى ئالدىن ساتتى: 80 تالدىن قاچىلانغان بىر يەشىك ئۆرۈكنىڭ ساپ ئېغىرلىقى 1.2 كىلوگرام بولۇپ، 129 يۈەندىن سېتىلدى.

پۈتكۈل تاۋباۋ سۇپىسىنى ئىزدىگەندە، تۆت جىڭدىن قاچىلانغان شىنجاڭ ئاق ئۆرۈكى مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ بولۇپ، باھاسى 89.8 يۈەندىن 360 يۈەنگىچە بولغان. جىڭدۇڭ سودا شەھەرچىسىدە سېتىلغان شىنجاڭ ئاق ئۆرۈكمۇ ئوخشاشلا تۆت جىڭدىن قاچىلانغان بولۇپ، باھاسى 98 يۈەندىن 357 يۈەنگىچە بولغان. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە، تۆت جىڭدىن قاچىلانغان يېڭى ئۆرۈكنى ھەربىر ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسىنىڭ ئالدىن سېتىش مىقدارى 1000 يەشىكتىن ئاشقان، ئەڭ كۆپ ساتقان بىر كارخانىدا 2960 ئادەمنىڭ پۇل تۆلىگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

تور سۇپىسىدا سېتىلىدىغان ئاق ئۆرۈكنىڭ ھەربىر تېلى ئايرىم ئوراپ قاچىلىنىدۇ. سېتىش مۇلازىمەتچىسى مۇنداق دېدى: ھاۋانى تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى ۋە سوغۇق زەنجىرلىك ئاۋىياتسىيە ترانسپورتى ئارقىلىق، ئاق ئۆرۈك شۇ كۈنى ئۈزۈلۈپ شۇ كۈنى تارقىتىلىدۇ، ئەڭ تېز بولغاندا ئەتىسى يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، شىنجاڭ سىرتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا تەگكەندە، شېخىدىكىگە ئوخشاشلا يېڭى تۇرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شەرقىي تيانشان ساياھەتچىلىك ئىتتىپاقى قۇرۇلدى

# شىنجاڭدىكى ئۈچ شەھەر، بىر ئوبلاستنى ھالقىغان تۇنجى ساياھەت ئايلانما لىنىيەسى يولغا قويۇلدى

مۇخبىرىمىز رېن جياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شەرقىي تيانشان ساياھەتچىلىك ئىتتىپاقى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قومۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەت ھەمكارلىق تەرەققىيات مېخانىزمىنى ئورتاق ئورنىتىپ، ساياھەت ئېسىل مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، ساياھەت بازارلىرىنى ئېچىپ، ئۈچ شەھەر، بىر ئوبلاست ساياھەت يولىنى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

شەرقىي تيانشان ساياھەتچىلىك ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ شەھەر، بىر ئوبلاستنى ھالقىغان تۇنجى ساياھەت ئايلانما لىنىيەسى ـــ «شەرقىي تيانشاننى ئايلىنىش مىڭ چاقىرىملىق ساياھەت ئالتۇن لىنىيەسى» رەسمىي يولغا قويۇلدى.

«شەرقىي تيانشاننى ئايلىنىش مىڭ چاقىرىملىق ساياھەت ئالتۇن لىنىيەسى» ئېكولوگىيەلىك ئىستىراھەت، ئادىمىيەت سەيلىسىنى ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، ئاپتوموبىل مۇساپىسى 2000 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، يول بويى تيانشان بوغدا كۆلى، گۇچۇڭ جامبۇلاق، تۇرپان بۇيلۇق، قومۇل شەرقىي تيانشان، قومۇل ياردالڭ مەنزىرە رايونى قاتارلىق 20دىن ئارتۇق ئېسىل مەنزىرە رايونىنى، قۇملۇق، ئوتلاق، كۆل ھەمدە تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق ساياھەت بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئادىمىيەت خاس مەنزىرە ساياھىتىنىڭ ئالتۇن يولىدۇر.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئىللىق خەۋەرلەرنى كۆرۈپ، ئىللىق شەخسلەردىن بولايلى

سۆز ھەممىگە

□يۆ يەنيۈن

بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى) گېزىت، يانفون تېرمىنالى، ئۈندىدار قاتارلىق سۇپىلاردىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، توختىماستىن ئىللىق خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، سانسىز ياخشى كىشىلەر، ياخشى ئىشلاردىن ئالغا ئىنتىلىدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئاق كۆڭۈللۈككە ئىنتىلىدىغان غايەت زور ئەخلاق كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرى ئىللىق خەۋەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى تەپسىلىي، ئىنچىكە، ئەمەلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسىگە ئايلاندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپىي

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP




ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار چارۋىلارنى ھەيدەپ يازلىق يايلاققا كۆچمەكتە (6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان) □سۈرەتلەرنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **دىڭ لېي** تارتقان

شىنجاڭ ياخشى جاي

## قازاق چارۋىچىلارنىڭ يايلاق كۆچۈش تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىش

**ھازىر، شىنجاڭدىكى كۆپ جايدا يازلىق يايلاقلارنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق چارۋىچىلار يەنە يايلاق كۆچۈش پەسلىنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار كالا، قويلىرىنى ھەيدەپ، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدىكى چارۋا يوللىرىدا يۈرۈپ، كۆچۈش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.**

**يايلاق كۆچكەندە چارۋىچىلار پەرزەنتلىرى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، ئاتقا مىنىپ چارۋىلارنى ھەيدەپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەيدۇ، تۆگە ياكى ئاتلارغا بارلىق ئۆي بىساتلىرىنى ئارتىپ، قەيەرگە بارسا، كەچتە شۇ يەردە قونىدۇ. ئەنئەنىۋى يايلاق كۆچۈش شەكلى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەزى چارۋىچىلار ئاپتوموبىل كىرا قىلىپ ئۆيدىكى چوڭ بۇيۇملارنى مەنزىلگە ئالدىن توشۇپ، يايلاق كۆچۈش سەپىرىدە پەقەت يېمەكلىك ۋە ئادەتتىكى كىگىز ئۆينىلا تەييارلاپ يەڭگىل جابدۇنۇپ ئاتلىنىدىغان بولدى...**



ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار يايلاق كۆچۈش سەپىرىدە ئوت يېقىپ تاماق ئەتمەكتە (6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تارتىلغان).

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

ـــــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باغچە رايونلار كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى

### 1 - پەسلىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 25 نۇقتىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈلىدىغان باغچە رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 113 مىليارد يۈەن ئورۇندىدى

مۇخبىرىمىز ما يىنىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) قاتارلىق ھەرقايسى باغچە رايونلار «تۈرلەرنى تۇتۇش، مۇھىت بەرپا قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، باغچە رايونلارنىڭ تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، باغچە رايونلارنىڭ كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، باغچە رايون ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم تەرەققىياتىنى ساقلاشتا ھەققىي كاپالەتلىك قىلغان. 1 - پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 25 نۇقتىلىق ئۆلچەپ تەكشۈرۈلىدىغان باغچە رايون ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 113 مىليارد 80 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.8% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرغان سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليارد 510 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ساۋەن سانائەت باغچە رايونى، كۇيتۇن - مايتاغ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، غۇلجا شەرقىي سانائەت باغچە رايونى، كۇچا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 15%تىن يۇقىرى بولغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)